قەلب ساداسى

# تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ياخشىلاندى

□ خوتەن ناھىيەلىك تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى  ئېزىز تۇرسۇنتوختى

مېنىڭ ئىسمىم ئېزىز تۇرسۇنتوختى، خوتەن ناھىيەسىدىكى بىر دېھقان، گۈزەل يۇرۇڭقاش دەرياسى كەنتىمىزنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ.

كىچىك ۋاقتىمدا، ئۆگىنىش نەتىجەم بەك ناچار ئىدى، ھەتتا دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقدا ئىسمىمنىمۇ يازالمايتتىم. تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىم بولمىغاچقا، كۆپ ۋاقىتتا نادانلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزدۈم، يازدا ئاتا - ئانام بىلەن يەر تېرىپ، دېھقانچىلىقنىڭ ئارىسالدى مەزگىلىدە ھەممە يەردە لاغايلاپ يۈردۈم.

بىر مەزگىل «ئۈچ خىل كۈچ» ھەر خىل رەزىل ۋاستىلەر بىلەن شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەت مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى. چېگرا ئىچى - سىرتىدىكى «ئۈچ خىل كۈچ» مىللەت، دىننى دەستەك قىلىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى ھەدەپ تارقاتتى؛ «مۇسۇلمانچە» ئۇقۇمىنى كېڭەيتىپ، يېمەكلىككىلا ئەمەس، بەلكى يەنە دورا بۇيۇملىرى، گىرىم بۇيۇملىرى، كىيىم - كېچەك قاتارلىق بۇيۇملارغىمۇ مۇسۇلمانچە بەلگىسىنى چاپلىدى. دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، يولدىن ئادىشىپ قالغان ئادەمگە ئوخشاپ قالدىم. لېكىن خۇشاللىنارلىقى شۇكى، 2017 - يىلىنىڭ بېشىدا، مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كېلىپ ئۆگەندىم، بۇ مۇتلەقكى ھاياتىمدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھېسابلىنىدۇ.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە كىرگەندىن كېيىن، شارائىتنىڭ ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئۈچ ۋاق تاماقنىڭ ھەقسىز ئىكەنلىكىنى، ياتاق ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ھەقسىز ئىكەنلىكىنى، داۋالاشنىڭمۇ ھەقسىز ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئەگەر تۇرمۇشتا قىيىنچىلىققا ئۇچرىساق، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت بىزگە ۋاقتىدا ياردەم قىلىپ ھەل قىلىپ بەردى، ئائىلىمىزگىمۇ ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. بۇ يەردىكى ئوقۇتقۇچىلار ئىنتايىن قىزغىن، سەممىي بولۇپ، ئۇلار بىزگە ھەر تەرەپلىمە كۆڭۈل بۆلدى، غەمخورلۇق قىلدى، ئائىلىمىزدىكىلەرگە ئوخشاش ھالىمىزدىن خەۋەر ئالدى.

مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگىنىۋالدىم، ھازىر دوستلىرىم بىلەن دۆلەت ئورتاق تىلدا راۋان سۆزلىشەلەيمەن؛ نۇرغۇن قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، ھەق - ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارىمنى ئاشۇردۇم؛ يەنە ئاياغ تىكىش ماھارىتىنى ئىگىلەپ، تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن بىر ئاياغ زاۋۇتىغا ئوقۇغۇچىلىق ئىشقا چۈشۈپ، ئەمگەك توختامى ئىمزالاپ، مۇقىم خىزمەت ۋە كىرىمگە ئىگە بولدۇم. ماڭا ئوخشاش مەكتەپتە تۈزۈك ئوقۇمىغان بىر ئادەمنىڭ مۇنداق كۆپ بىلىم ئىگىلەش پۇرسىتىگە، بۇنداق ياخشى خىزمەتكە ئېرىشىشىنى ئىلگىرى چۈشۈمدىمۇ ئويلاپ باقمىغاندىم. ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرىم مەندىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى.

ھازىر، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى ناھايىتى كۆپ، شەھەر - يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىدىكى «ئىككى كەچۈرۈم، بىر ياردەم» ئارقىلىق، باللارنىڭ تەربىيەلىنىشى كاپالەتكە ئىگە بولدى؛ يېزا يېڭىچە ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، دېھقان - چارۋىچىلار كېسەل كۆرسىتىشتىن غەم قىلمايدىغان بولدى؛ ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشى يولغا قويۇلۇپ، ئائىلىمىز بۇلتۇر يېڭى ئۆي سېلىپ، ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم تولۇقلىمىسىغا ئېرىشتى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە قىلغان ياردىمى ناھايىتى كۆپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز سۆزلىسەممۇ تۈگىمەيدۇ. ماڭا ئوخشاش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ غەمخورلۇقىغا ئېرىشكەن كىشىلەر يەنە ناھايىتى كۆپ. مەن ياشاۋاتقان كەنتتە، بۇ نەچچە يىلدا ئاپتونوم رايون ئىزچىل كادىرلارنى كەنتتە تۇرۇشقا ئەۋەتىپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، كەنتتە تۇرۇشلۇق بۇ كادىرلار ئۆز ئۆيىدىن ئايرىلىپ، كەنتتە يېتىپ - قوپۇپ، كەنتتىكى يول ياساش، ئۆستەڭ چېپىش، قۇدۇق قېزىش، ئۆي سېلىشلارغا ياردەم بېرىپ، تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، يەنە كارخانىلار بىلەن ئالاقىلىشىپ كەنتتە زاۋۇت قۇرۇپ، كەنت ئاھالىلىرىنى يېقىن ئەتراپتا خىزمەت قىلىش، كىرىم قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، كەنتتىكى نامرات ئاھالىلەر بارغانسېرى ئازايدى. بۇنىڭدىن مەن مۇنداق بىر داۋلىنى چوڭقۇر چۈشەندىم: ھازىرقى ياخشى كۈنلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قولغا كەلگەن، بىز چوقۇم پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشىمىز، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىمىز، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشىمىز كېرەك.

مەن يەنە شۇنى ئېنىق بىلىمەنكى، جۇڭگو بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، شىنجاڭ جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. شىنجاڭ رايونى ھەم شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ماكانى، ھەم جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورتاق ماكانىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئىشىنىمەنكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، تۇرمۇشىمىز كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىدۇ.

بەختلىك تۇرمۇش تەستە قولغا كەلگەن، مەن چوقۇم ھەسسىلەپ قەدىرلەيمەن. «ئۈچ خىل كۈچ» بىزنىڭ ھازىرقى بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا پېتىنىدىكەن، مەن بۇنىڭغا قەتئىي قوشۇلمايمەن، مەن چوقۇم ئۇلارغا قارشى ئاداققىچە كۈرەش قىلىمەن!

# تەلىم - تەربىيە مەركىزى مېنىڭ ھاياتىمنى ئۆزگەرتتى

□ ئاتۇش شەھەرلىك تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى  توختىگۈل سەمەت

مەن ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچراپ، نىقابلىق كىيىم كىيىپ يۈردۈم، ئىدىيەم ئەسەبىيلەشتى، باشقىلارنىڭ نورمال تۇرمۇشىغا ئارىلاشتىم، زوراۋانلىق، تېرورلۇق ۋە ئەسەبىي ئىدىيەگە مۇناسىۋەتلىك سىنلارنى كۆرۈش ۋە تارقىتىشقا قىزىقتىم، ھەتتا «ئادەم ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» دەيدىغان جىنايى نىيەتتە بولدۇم.

2018 - يىلى 4 - ئايدا، مەن ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسىگە تىزىملىتىپ قاتناشتىم. بۇ جايدا مەن دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگەندىم، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» «دىن ئىشلىرى نىزامى» «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش نىزامى» قاتارلىق قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىپ، قانۇن ئېڭىم روشەن كۈچەيدى. تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پۇقراسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، جەزمەن قانۇن - ئىنتىزامغا بويسۇنۇشۇم كېرەكلىكىنى، ھەرقانداق دىن ۋە ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىن ھالقىغان ئىمتىيازىنىڭ يوقلۇقىنى؛ دۆلىتىمىزدە دىنىي ئېتىقادنىڭ ئەركىن ئىكەنلىكىنى، دىنغا ئېتىقاد قىلىش - قىلماسلىقتا ئاممىنىڭ ئۆزىنىڭ دېگىنى ھېساب ئىكەنلىكىنى؛ ئىسلام دىنىنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنىنىڭ تىنچلىق، كەڭ قورساقلىق ئىكەنلىكىنى، ھەرگىزمۇ دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر تەرغىب قىلغاندەك «ئادەم ئۆلتۈرۈپ شېھىت بولغانلار جەننەتكە كىرىدۇ» ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە مەن ئىشقا ئورۇنلىشىش ماھارىتىنى ئۆگەندىم، ئىدىيەمدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى، مەن ھۆكۈمەتنىڭ ماڭا بۇ قىممەتلىك تەربىيەلىنىش پۇرسىتىنى بەرگەنلىكىگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن. ئىلگىرى مېنىڭ قانۇن ئېڭىم سۇس ئىدى، قانۇن بىلمەيتتىم ھەم قانۇنغا خىلاپ ئىشلارنى قىلغانىدىم. ئۆگىنىش، تەربىيەلىنىشكە قاتناشقاندىن كېيىن، مەن نىقابلىق كىيىم كىيىشنىڭ ئەزەلدىن بىز ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم - كېچەك ئادىتى ئەمەسلىكىنى، بەلكى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ زورلاپ تاڭغانلىقىنى، مەقسىتىنىڭ بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق دىنىي ئەسەبىيلىك كەيپىياتى پەيدا قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەن يەنە ئۆز تىرىشچانلىقىم ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، بىلىملىك يېڭى دەۋر ئاياللىرىدىن بولۇشۇم كېرەكلىكىنى چۈشەندىم.

2019 - يىلى 1 - ئايدا تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن دۆلەت ئورتاق تىلنى ياخشى سۆزلىگەچكە، ناھايىتى تېزلا بىر كىيىم - كېچەك دۇكىنىدىن خىزمەت تاپتىم، ھەر ئايدا 2500 يۈەن مائاشىم بار بولدى. ھازىر مېنىڭ كۆڭلۈم يورۇدى، نەزەر دائىرەم كېڭەيدى، ئۆزۈممۇ روھلىنىپ، نورمال تۇرمۇش ھالىتىگە قايتتىم. ئۇرۇق - تۇغقانلار ۋە دوست - بۇرادەرلەرنىڭ مەن بىلەن بولغان بېرىش - كېلىشى قويۇقلاشتى، مەن يەنە پۇل تېپىپ ئائىلەمنى باقالايدىغان بولدۇم، ئىلگىرىكى ئادەم دېسە ئادەمگە، ئالۋاستى دېسە ئالۋاستىغا ئوخشىمايدىغان ئاشۇ كۈنلىرىم كەلمەسكە كەتتى. تەلىم - تەربىيە مەركىزى مېنى قۇتقۇزدى، ئائىلەمنى قۇتقۇزدى، مەن ھۆكۈمەتكە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

مەن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»گە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. مېنىڭ ئاشۇ ئامېرىكا سىياسەتۋازلىرىدىن شۇنى سوراپ باققۇم بار، سىلەر شىنجاڭنى چۈشىنەمسىلەر؟ سىلەر شىنجاڭغا كېلىپ باققانمۇ؟ سىلەر بىزنىڭ ھەقىقىي شىنجاڭنى بىلەمسىلەر؟ سىلەرنىڭ بىز توغرىسىدا كەلسە - كەلمەس بىلجىرلاشقا نېمە ھوقۇقۇڭلار بار. شىنجاڭنىڭ نۆۋەتتىكى چوڭ، ياخشى ۋەزىيىتى تەستە قولغا كەلگەن، ئىناق، مۇقىم بولغان ۋەزىيەت خەلقنىڭ ئارزۇسى، ئاشۇ يامان غەرەزلىك كىشىلەر ھىيلە - نەيرەڭ ئىشلىتىپلا بۇزۇۋېتەلمەيدۇ. تەلىم - تەربىيە مەركىزى دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگەنگەندىن، قانۇن ئۆگەنگەندىن، ماھارەت ئۆگەنگەندىن ياتاقلىق تۈزۈمدىكى مەكتەپ، تەربىيەلەنگۈچىلەرنىڭ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە قانچىلىك ۋاقىت ئۆگىنىشى ئاساسلىقى ئۆگىنىش ئەھۋالىغا باغلىق، ماڭا ئوخشاش تەربىيەلەنگۈچىلەر سەككىز، توققۇز ئايدىلا باھالاشتىن ئۆتۈپ تەربىيەنى تاماملىيالايدۇ. ئەگەر ئەينى ۋاقىتتا مەن تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە قاتناشمىغان بولسام، مېنىڭ ھايات يولۇم ۋە ئىستىقبالىم، تەقدىرىم قاراڭغۇلۇققا تولۇپ، ھازىرقىدەك بۇنداق ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشەلمىگەن بولاتتىم. تەلىم - تەربىيە مەركىزى مېنىڭ ھاياتىم، تەقدىرىمنى ئۆزگەرتتى، بۇ نۇقتىغا كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ! مەن باشقىچە غەرىزى بار ئاشۇ كىشىلەرنىڭ بىزنىڭ ئىتتىپاق، مۇقىم، ئىناق بولغان بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىغا قەتئىي قوشۇلمايمەن، مەن ئۇلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىمەن.

# باللىرىم بەختلىك بولسا، مەنمۇ بەختلىك بولىمەن

□ پەيزاۋات ناھىيەلىك تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچىنىڭ ئائىلە تەۋەسى  ئايشەمگۈل ئىسلام

مېنىڭ ئىسمىم ئايشەمگۈل ئىسلام، پەيزاۋات ناھىيەسى قوشئاۋات بازىرى بايتوقاي كەنتىدىكى دېھقان، مەن بەش باللىنى بېقىپ چوڭ قىلدىم، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇدى، ھازىر ھەممىسىنىڭ مۇقىم خىزمىتى بار، ئۈچ بالام ئۆي - ئوچاقلىق بولدى، مەن يەنە موما بولۇپ، ئائىلە شادلىقىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتىمەن، باللىرىم ماڭا ئېلىپ كەلگەن بەختنى ھېس قىلىۋاتىمەن. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ماڭا ئاتا قىلدى.

لېكىن، ئىلگىرىكى بىر مەزگىلدە، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىدىن ئىبارەت بۇ «زەھەرلىك ئۆسمە» مېنىڭ چوڭ قىزىم جۈمەنىسا ۋە بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز بىر قەۋەت تۇمان پەيدا قىلغانىدى. مەن دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ خەۋپىنى ئېنىق سۆزلەپ، باشقا باللىرىم ۋە ئائىلىمىزنى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىشىدىن ساقلىشىم كېرەك.

جۈمەنىسا ئالىي مەكتەپنىڭ 4 - يىللىقىدا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملانغان، دەسلەپتە مەكتەپتە نىقابلىق كىيىم كىيىپ يۈرۈپتۇ، كېيىن دەرستىن قاچىدىغان، ئۆزىنىڭ قارىشىدىكى ئاتالمىش «كاپىر»لار بىلەن بىر سىنىپتا دەرس ئوقۇمايدىغان، باشقا مىللەتتىن بولغان ساۋاقداشلىرى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلمايدىغان، مەكتەپنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتناشمايدىغان، ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن كىمنىڭ «مۇسۇلمان»، كىمنىڭ «كاپىر» ئىكەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان، ھەمىشە ئۆزىگە «كاپىر» دەپ قارىغانلارنى سەۋەبسىزلا ھاقارەتلەيدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئەسەبىي ئىدىيە جۈمەنىساغا خۇددى جىن چاپلاشقاندەك چاپلىشىپتۇ، ئۇ دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلار بىلەن بارغانسېرى يېقىنلىشىپ، دائىم ئۇلارنىڭ مەخپىي يىغىلىشىغا قاتنىشىپ، كۆپ قېتىم زوراۋانلىق، تېرورلۇق سىنلىرىنى كۆرۈپتۇ، ئۇنىڭدا ھەتتا چېگرادىن چىقىپ «IS» تەشكىلاتىغا قاتنىشىش كۈچلۈك ئارزۇسى پەيدا بولۇپتۇ. جۈمەنىسا ئامال قىلىپ چېگرادىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈپ، چېگرا سىرتىدا مەشىق قىلىشنىلا ئويلاپ يۈرۈپتۇ. بۇ چاغدا، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى خۇددى زەھەرگە ئوخشاش قىزىمنىڭ كاللىسىنى چىرىتىپ، ئۇنىڭ ئىدىيەسى، ھەرىكىتىنى كونترول قىلىۋاپتۇ، ئۇ دادىسى ئىككىمىز ئۇرغان تېلېفوننى ئالمايدىغان، سىڭلىسى بىلەنمۇ كۆرۈشمەيدىغان بولۇۋالدى، ئادەمگەرچىلىكنى پۈتۈنلەي يوقاتتى. ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان قىزىمنىڭ گۈزەل كىشىلىك ھاياتى ۋە ئىستىقبالى مۇشۇنداق قىلىپ ئەسەبىي ئىدىيە تەرىپىدىن نابۇت قىلىنغىلى تاس قالدى.

شۇڭا دادىسى ئىككىمىز ئىزچىل جۈمەنىساغا تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ تەربىيەنى قوبۇل قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلدۇق، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشىنى، ئۇنىڭ قايتىدىن ئادەم بولۇپ، نورمال تۇرمۇشقا قايتىشىنى ئۈمىد قىلدۇق.

تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقنى ئۆگىنىش، قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش، ماھارەت ئۆگىنىش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش تەربىيەسىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق، قىزىمنىڭ كۆڭلىدىكى تۈگۈن ئاستا - ئاستا يېشىلدى. تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەلىنىشنىڭ ھەممىسى ھەقسىز، يەنە تېخى تاماق، ياتاقمۇ ھەقسىز ئىكەن. تەلىم - تەربىيە مەركىزى يەنە ھەر خىل مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى، قىزىقىش سىنىپلىرى ۋە ئۆزىنىڭ قىزىقىشى بويىچە تاللىغان ئېلېكترون قۇراشتۇرۇش دەرسلىكلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇنى تۇرمۇشقا بولغان ئىشەنچكە قايتا ئېرىشتۈردى. بولۇپمۇ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى ھەرقايسى ئوقۇتقۇچىلار قىزىمغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە غەمخورلۇق قىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىزىم بىلەن سىردىشىپ، مۇڭدىشىپ، قىزىمغا تۇغقاندارچىلىقنى چۈشەندۈردى، سىياسەتنى چۈشەندۈردى، قانۇننى چۈشەندۈردى، كەلگۈسىنى چۈشەندۈردى، جۈمەنىسانىڭ چېھرىدە ئاستا - ئاستا تەبەسسۇم جىلۋىلەندى، بىز بۇنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆردۇق، چىن دىلىمىزدىن خۇشال بولدۇق.

ھازىر جۈمەنىسا تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى تەربىيەنى ئوڭۇشلۇق تاماملىدى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت قىزىمغا ۋە پۈتكۈل ئائىلىمىزگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى، قىزىمنىڭ ئالىي مەكتەپ مەزگىلىدە ئوقۇتقۇچىلىق كەسپىي سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى ئالغانلىقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت يەنە ئۇنىڭ ناھىيەنىڭ تەكلىپ قىلىش ئىمتىھانىغا قاتنىشىشىغا ياردەم بەردى، جۈمەنىسا پەيزاۋات ناھىيەلىك 2 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەكلىپ قىلىندى، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان خىزمىتى بار بولدى.

ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ ۋە ھايات قىممىتىنى يېڭىباشتىن تاپقان جۈمەنىسا، ھازىر ئۆزلۈكىدىن ئۆگەنگۈچىلەر ئىمتىھانىغا قاتنىشىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. قىزىم: ساپايىمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، تېخىمۇ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى بولىمەن، دېدى. ئانا بولۇش سۈپىتىم بىلەن، مەن قىزىمنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ئىلگىرىلىشىدىن خۇشال بولدۇم. جۈمەنىسانىڭ كەچۈرمىشىنى ھازىرقى ئاكتىپ تۇرمۇش پوزىتسىيەسىگە سېلىشتۇرۇپ، مەنمۇ دائىم شۇنداق ئويلايمەن: ئەگەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قۇتقۇزۇۋېلىشى ۋە تەربىيەلىشى بولمىغان بولسا، جۈمەنىسانىڭ بۈگۈنكى كۈنى بولامتى؟ ئەگەر تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگەنمىگەن، تەربىيەلەنمىگەن بولسا، جۈمەنىسانى يار لېۋىدىن قايتۇرۇپ كەلگىلى بولامتى؟ ئەگەر جۇڭگودا ياشىمىغان بولساق، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ بۈگۈنكى بەختلىك تۇرمۇشى بولامتى؟ شۇڭا مېنىڭ ئائىلەمگە ئوخشاش ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ زەھەرلىشىگە ئۇچرىغان ئائىلىلەر پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە چىن قەلبىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ باللارنى دىنىي ئەسەبىي كۈچلەرنىڭ روھىي كونتروللۇقىدىن قۇتۇلدۇرغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدۇ.

ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭ ئەڭ چوڭ بەختى باللارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ياشاپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى كۆرۈشتۇر. بۇ يىل ئائىلەم ئۈچۈن ئېيتقاندا خۇشاللىق ئىشلار ئۈزۈلمىگەن يىل بولدى. 8 - ئايدا، مەن ئالدى بىلەن موما بولدۇم، 10 - ئايدا، چوڭ قىزىم جۈمەنىسا توي قىلدى، كۈيئوغلۇم دۆلەت مەمۇرى، ئۇلار يەنە سەنىياغا بېرىپ شېرىن ئاي ئۆتكۈزدى، تۇرمۇشى كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدۇ. خۇاجۇڭ سىفەن داشۆسىنى پۈتكۈزگەن ئىككىنچى قىزىم ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مەلۇم بىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولدى، غەربىي شىمال سانائەت داشۆسىنى پۈتكۈزگەن چوڭ ئوغلۇممۇ دۆلەت مەمۇرى، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنى پۈتكۈزگەن كىچىك ئوغلۇم ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى بولدى، بۇلتۇر جېجياڭ مالىيە - ئىقتىساد داشۆسىنى پۈتكۈزگەن كىچىك قىزىم ناھىيەلىك پارتىيە مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولدى. بەش بالامنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ مائارىپ ئارقىلىق ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇدى، ھەممىسىنىڭ قىزغىن سۆيىدىغان خىزمىتى بار، بۇ مېنى ناھايىتى خۇشال قىلىدۇ.

باللىرىمنىڭ بەختى مېنىڭ بەختىم. بىزنىڭ ئائىلىمىز شىنجاڭدىكى نۇرغۇن ئاددىي ئائىلىلەرنىڭ بىرى. بۇ يەردە ئائىلەمنىڭ ھېكايىسىنى دادىللىق بىلەن سۆزلىشىمدىكى سەۋەب، ھەممە ئادەمنىڭ دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ خەۋپىنى ئېنىق تونۇشىنى، باللىرىغا چوقۇم كۆزىنى روشەن ئېچىش، ھەق - ناھەقنى ئېنىق ئايرىش، قانۇن ئۆگىنىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ تۇرۇشىنى، ۋەتەنگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، بەختلىك تۇرمۇشنى قەدىرلىشىنى ئۈمىد قىلىشتىن ئىبارەت.